# بېيجىڭ شەھىرى ۋەكىللەر ئۆمىكى شىنجاڭغا كېلىپ، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىنى تەكشۈردى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكى ئۈچۈن مۇھىم تۆھپە قوشتى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق قەلبىدىن مىننەتدار بولدى. شىنجاڭ «تۆت ئاڭ»نى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، دىققەتنى ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، بېيجىڭ شەھىرىنىڭ ئىلغار تەجرىبىلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئۆرنەك قىلىپ، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش ئەۋزەللىكىدىن ياخشى پايدىلىنىپ، ئىككى جاينىڭ ھەر تەرەپلىمە، كۆپ ساھەلىك، چوڭقۇر قاتلاملىق ئەمەلىي ھەمكارلىقىغا پائال تۈرتكە بولۇپ، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى، تەرەققىياتىدىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، ئەمەلىي نەتىجە ـ ئۈنۈم ئارقىلىق جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەيدۇ.

چېن جىنىڭ بېيجىڭ شەھەرلىك پارتكوم، شەھەرلىك ھۆكۈمەتكە ۋاكالىتەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۈەنىنىڭ ئۇزاقتىن بۇيان بېيجىڭ شەھىرىنىڭ قۇرۇلۇشى، تەرەققىياتىغا كۆڭۈل بۆلگەنلىكى، قوللىغانلىقى، بېيجىڭ شەھىرىنىڭ شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان كادىرلىرى، ئىختىساسلىقلىرىغا بولغان غەمخورلۇقى، چوڭقۇر مۇھەببىتىگە چىن قەلبىدىن رەھمەت ئېيتتى.

ئۇ مۇنداق دېدى: شىنجاڭ خىزمىتى پارتىيە ۋە دۆلەت خىزمىتى ئومۇمىي ۋەزىيىتىدە ئالاھىدە مۇھىم ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنغا ئىگە. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ھۆكۈمەت ۋە شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ، دىققەتنى باش نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈپ، ئىجتىمائىي ئومۇمىي ۋەزىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن قوغداپ، ئۈچ چوڭ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى قەتئىي ياخشى قىلىپ، ئۈچ تۈرلۈك نۇقتىلىق خىزمەتنى ياخشى تۇتۇپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئالغا سىلجىتىپ، شىنجاڭدا ئىجتىمائىي ئومۇمىي ۋەزىيەت ئىناق، مۇقىم بولغان، ئىقتىساد تەكشى، مۇقىم، ساغلام تەرەققىي قىلغان، خەلق تۇرمۇشى سىجىل ياخشىلانغان، تۈرلۈك ئىشلار ئومۇميۈزلۈك ئالغا ئىلگىرىلىگەن ياخشى ۋەزىيەتنى بارلىققا كەلتۈردى.

چېن جىنىڭ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش مەركەزنىڭ مۇھىم، زور تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىسى. بېيجىڭ شەھەرلىك پارتكوم، شەھەرلىك ھۆكۈمەت باشتىن ـ ئاخىر شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، مۇھىم، زور سىياسىي ۋەزىپە سۈپىتىدە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، بېيجىڭنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشى سۈپىتىدە ئىشلەپ، يۇقىرى نۇقتىدىن تۈرتكە بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، دىققەتنى نامراتلىقتىن دەل جايىدا قۇتۇلدۇرۇش تەدبىرىگە مەركەزلەشتۈرۈپ، مەسئۇلىيەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى قاتتىق تۇتۇپ، تېخىمۇ زور ئىرادە، تېخىمۇ دەل تەدبىر، تېخىمۇ قاتتىق سىناقلاردىن ئۆتەلەيدىغان ئىستىل بىلەن، ياردەمگە ئېرىشكۈچى رايونلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشىغا قەتئىي ياردەم قىلىپ، ياردەمگە ئېرىشكۈچى رايونلارنىڭ ئىسلاھاتى، تەرەققىياتىدىكى تۈرلۈك ئىشلاردا تېخىمۇ زور ئىلگىرىلەشنى قولغا كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولىدۇ. ئاپتونوم رايون ۋە بىڭتۈەنىنىڭ ئىلگىرىكىدەكلا بېيجىڭنىڭ قۇرۇلۇشى، تەرەققىياتىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، قوللاپ، ئېنېرگىيە بايلىقى، يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى، بىخەتەرلىك كاپالىتى قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئالماشتۇرۇش، ھەمكارلىقنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى ئۈمىد قىلىمىز.

شىنجاڭدىكى مەزگىلدە، بېيجىڭ شەھىرى ۋەكىللەر ئۆمىكى ئۈرۈمچى شەھىرى ۋە خوتەن ۋىلايىتىنىڭ خوتەن شەھىرى، خوتەن ناھىيەسى، قاراقاش ناھىيەسى، لوپ ناھىيەسى ھەم بىڭتۈەن 14 ـ شىسىنىڭ قۇرۇمقاش شەھىرىگە چوڭقۇر چۆكۈپ، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش تۈرلىرىنى تەكشۈردى، ئاساسىي قاتلامدىكى ئاز سانلىق مىللەت ئاممىدىن ھال سورىدى، نىشانلىق ياردەم بېرىش، نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى ئاچتى ھەم شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان كادىرلار، ئىختىساسلىقلارنى يوقلىدى.

بېيجىڭ شەھەرلىك پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، سىياسىي ـ قانۇن كومىتېتىنىڭ شۇجىسى جاڭ يەنكۇن، ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن جى جېڭ، سارقىت ئاقان، پېڭ جيارۈي ئالاقىدار پائالىيەتلەرگە قاتناشتى.

# ئۈرۈمچى يىغىلىش مەركىزىدىن ئۈچ يىلدا جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزىدىن 2200ى قاتنىدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

شىنجاڭ شىنتيې خەلقئارا ئەشيا ئوبوروت چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن باش دىرېكتورى نەن جۈن مۇنداق تونۇشتۇردى: 2016 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى ئۈرۈمچى يىغىلىش مەركىزى ترانسپورت تىجارىتىنى باشلىغاندىن بۇيان، جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزىنىڭ قاتناش كۆلىمى ئەڭ دەسلەپكى ھەپتىدە بىر پويىز قاتناشتىن، تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىپ كۈندە ئۈچ پويىز قاتناشقا كۆپىيىپ، زىچلاشتۇرۇلغان، دائىملاشتۇرۇلغان قاتناش ئەندىزىسى شەكىللەندى. بۈگۈنكى كۈندە، يىغىلىش مەركىزىدىن يولغا چىقىدىغان نۆۋەتچى پويىز يول لىنىيەسى 21گە يېتىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ياۋروپادىكى 19 دۆلەتنىڭ 26 شەھىرىگە تۇتاشتى. ماللارنىڭ تۈرىمۇ ئەڭ دەسلەپكى كۈندىلىك تۈرلۈك ماللار، كىيىم ـ كېچەكتىن ماشىنىسازلىق جابدۇقلىرى، سۇ، پار، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى، ئېلېكترونلۇق زاپچاس، نېفىت ـ خىمىيە سانائىتى قاتارلىق 200 نەچچە تۈرگە كېڭەيدى.

ئۈرۈمچى يىغىلىش مەركىزىنىڭ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشى خۇبېي، شەندۇڭ، خېنەن، جېجياڭ قاتارلىق جايلاردىكى يېمەكلىك پىششىقلاش، پاختا توقۇلما بۇيۇملىرى، ماشىنىسازلىق ـ ياسىمىچىلىق، ئۆي جاھازلىرى ئىشلەپچىقىرىش قاتارلىق 40 نەچچە سودا ـ ئەشيا ئوبوروتى، چېگرا ھالقىغان ئېلېكترونلۇق سودا كارخانىلىرىنى ئۈرۈمچى خەلقئارا قۇرۇقلۇق پورت رايونىغا كىرىپ ماكانلىشىشقا جەلپ قىلدى.

نەن جۈن مۇنداق بىلدۈردى: ئۈرۈمچى يىغىلىش مەركىزى خەلقئارا ئەشيا ئوبوروت چوڭ يولى ئەۋزەللىكىگە تايىنىپ، يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونىنىڭ قاتناش تۈگۈنى مەركىزى بەرپا قىلىش قۇرۇلۇشىنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزىنىڭ خەلقئارا ئەشيا ئوبوروت كۇرسلۇق ماركا تەسىر كۈچىنى ئۈزلۈكسىز زورايتىپ، تېخىمۇ كۆپ كارخانىنىڭ شىنجاڭدا ماكانلىشىشىغا تۈرتكە بولۇپ، شىنجاڭنىڭ «يول ئىقتىسادى»دىن «كەسىپ ئىقتىسادى»غا قاراپ تېپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئاشۇرۇشىغا تۈرتكە بولىدۇ.

ئىگىلىنىشىچە، 2016 ـ يىلى، ئۈرۈمچى يىغىلىش مەركىزىدىن جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزىدىن 135ى قاتنىغان، 2017 ـ يىلى 710ى قاتنىغان، 2018 ـ يىلى 1002سى قاتنىغان. «بىز ئەشيا ئوبوروتىنىڭ تەسىر كۆرسىتىش ۋە مۇلازىمەت ئىقتىدارىنى سىجىل ئۆستۈرۈپ، خەلقئارا ئەشيا ئوبوروت چوڭ يولىنى يەنىمۇ راۋانلاشتۇرۇپ، بۇ يىل جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزىنىڭ قاتناش سانىدا يەنە يېڭى رېكورت يارىتىشنى قولغا كەلتۈرىمىز» دېدى نەن جۈن.

# يېڭى ھەرىكەت ئېنېرگىيەسى تەرەققىيات يېڭى بوشلۇقىغا ئېرىشتۈردى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

«ھازىر، شىركەت ھەر يىلى يۇقىرى تېمپېراتۇرىدا قايناتقۇچى ماددىلارنى ساپلاشتۇرۇش، قايتا پايدىلىنىش ئارقىلىق، 8 مىليون يۈەندىن ئارتۇق كىرىم قىلالايدۇ. بۇ تەتقىقات نەتىجىسىمۇ دۆلەتنىڭ پاكىز ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكا مۇندەرىجىسىگە كىرگۈزۈلدى ھەم ئوخشاش ساھەدە كېڭەيتىپ قوللىنىلدى» دېدى يۈەن شىسەي.

2013 ـ يىلى، جۇڭتەي گۇرۇھى 180 مىليون يۈەن مەبلەغ ئاجرىتىپ فۇكاڭ ئېنېرگىيە قۇرۇلۇشى تەتقىق قىلىپ ئېچىش تەجرىبە بازىسى قۇرۇپ، زور تۈركۈمدىكى يەن تەتقىقات خادىملىرىنى يەن تەتقىقات ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش، يېڭى مەھسۇلاتلارنى تەتقىق قىلىپ ئېچىشقا تەشكىللىدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، فۇكاڭ ئېنېرگىيەسى يىلىغا 30 مىليون يۈەندىن 50 مىليون يۈەنگىچە مەبلەغنى تەتقىق قىلىپ ئېچىش، يېڭىلىق يارىتىشقا ئىشلىتىپ، جەمئىي 56 تۈردە كەشپىيات پاتېنتىغا ئېرىشتى. «بۇ يىل شىركەتنىڭ تەتقىق قىلىپ ئېچىش خامچوتى 80 مىليون يۈەنگە كۆپەيتىلىپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنىڭ ئىقتىدارى سىجىل ئاشۇرۇلدى» دېدى يۈەن شىسەي.

### ■ كەسىپ زەنجىرىنى ئۇزارتىپ، قىممەت بوشلۇقىنى ئۆستۈرۈش

جۇڭتەي گۇرۇھى PVC ئىشلەپچىقىرىش ئەۋزەللىكىگە ئىگە، ھالبۇكى، ئەگەر PVC خام ماتېرىيالىلا سېتىلسا، ئۇنىڭ پايدا بوشلۇقى چەكلىك بولۇپ قالىدۇ. قانداق قىلىش كېرەك؟ كەسىپ زەنجىرىنى ئۇزارتىپ، PVC خام ماتېرىيالىنى سېتىشتىن PVC ھاسىلىي مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ سېتىشقا ئۆزگەرتىپ، قىممەت بوشلۇقىنى ئۆستۈرۈش كېرەك.

5 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى، فۇكاڭ ئېنېرگىيەسى PVC يېڭى ماتېرىيال سېخىدىكى ماشىنىلار گۈرۈلدەپ مەشغۇلات قىلىۋاتاتتى، PVC خام ماتېرىيالى پىششىقلىنىش ئارقىلىق، ئۆي جاھازلىرى تاختىسى، ئېلان تاختىسى قاتارلىق مەھسۇلاتلارغا ئايلاندى. «ئەنئەنىۋى ياغاچ تاختا ماتېرىياللىرىغا سېلىشتۇرغاندا، PVC تاختا ماتېرىيالى مۇھىت ئاسرايدۇ، بۇلغىمايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە تېخىمۇ يېنىك، نېپىز، مەھسۇلات قىممىتى تېخىمۇ چوڭ» دېدى فۇكاڭ ئېنېرگىيەسى PVC يېڭى ماتېرىيال سېخىنىڭ مۇدىر ياردەمچىسى لىيۇ جۈن.

قىممەت بوشلۇقىنى تېخىمۇ ياخشى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، جۇڭتەي گۇرۇھى فۇكاڭ سانائەت باغچىسىدا PVC پىششىقلاپ ئىشلەپچىقىرىش بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش بازىسى قۇردى. 2017 ـ يىلى بۇ بازا ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلۈپ، قېلىپلاشقان ماتېرىياللار، بىناكارلىق قېلىپى، ياغاچ سولىياۋ تام تاختىسى، تاش سولىياۋ تاياقچىسى، PVC تۇرۇبا سايمانلىرى، PVC تۇرۇبىسى، قىزىيدىغان پول قاتارلىق مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىپ، بىرلا خىل PVCدىن چىرايلىق گۈللەرنى ئېچىلدۇردى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، جۇڭتەي گۇرۇھى يەنە خلور ـ ئىشقار ئاساسىي كەسپىنى چۆرىدەپ بىرلەمچى، ئىككىلەمچى كەسىپ زەنجىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئۇزارتتى. 2014 ـ يىلى، بۇ گۇرۇھ ۋىسكوزىلىق توقۇمىچىلىق كەسپىگە كىرىشىپ، گۇرۇھنىڭ كۆيدۈرگۈچى ئىشقار خام ماتېرىيالى بىلەن شىنجاڭنىڭ ئەۋزەل پاختا بايلىقىنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈپ، كەسىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنىڭ يېڭى باسقۇچىغا كىردى.

### ■ بايلىقلاردىن يۇقىرى ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، يېشىل تەرەققىياتقا ئىنتىلىش

كىشىلەرنىڭ نەزەرىدە خىمىيەۋى تالا كارخانىسى ئېنېرگىيە سەرپىياتى چوڭ كارخانا ۋە بۇلغىنىشى ئېغىر كارخانا بولىسىمۇ، لېكىن جۇڭتەي گۇرۇھى قارمىقىدىكى شىركەت — شىنجاڭ فۇلىدا تالا چەكلىك شىركىتىنىڭ ھازىرقى ھالىتى بۇ خىل تەسىرنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتتى. 5 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى، مۇخبىرلار فۇلىدا زاۋۇت رايونىدا ئېقىۋاتقان پاسكىنا سۇنى كۆرمىدى، بۇرۇننى ئېچىشتۇرىدىغان قاڭسىق پۇراقلارنى پۇرىمىدى، ھەممە يەردە دەل ـ دەرەخ ۋە گۈل ـ گىياھلارنى كۆرگىلى بولاتتى.

«بىزنىڭ ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا ئەڭ كۆپ سەرپ قىلىدىغان بايلىقىمىز سۇ، شۇڭا، 2016 ـ يىلىدىن باشلاپ، بىز زور كۈچ سەرپ قىلىپ، قويۇق سۇنىڭ سىڭىشىغا قارشى تۇرۇش سىستېمىسى ۋە پاسكىنا سۇنى چوڭقۇر بىر تەرەپ قىلىش سىستېمىسى قۇرۇپ، كېرەكسىز سۇنى يىغىۋېلىپ پايدىلىنىش ۋە پاسكىنا سۇنى تازىلاش، بۇلغىمىنى ئازايتىشقا ئىشلەتتۇق» دېدى بۇ شىركەتنىڭ باش مۇدىرى فېڭ ۋېنجۈن.

فۇلىدا زاۋۇت رايونىدا ھەر كۈنى كۆپ مىقداردا قويۇق سۇ (قويۇق سۇ ئادەتتىكى سۇنى بىر تەرەپ قىلىپ يۇقىرى ساپلىقتىكى سۇغا ئايلاندۇرۇش جەريانىدا پەيدا بولىدىغان تۇزلۇق كېرەكسىز سۇ) ئىشلەپچىقىرىلىدۇ، قويۇق سۇدا ئەمەلىيەتتە كۆپ مىقداردا قايتا پايدىلانغىلى بولىدىغان سۇ بايلىقى بولىدۇ، ئەگەر بىۋاستە قويۇپ بېرىلسە، بايلىق ئىسراپ بولۇپلا قالماي، يەنە بۇلغىما مىقدارىنى كۆپەيتىۋېتىدۇ. شۇڭا، بۇ شىركەت قويۇق سۇنىڭ سىڭىشىغا قارشى تۇرۇش سىستېمىسى قۇردى.

قويۇق سۇنىڭ سىڭىشىغا قارشى تۇرۇش سىستېمىسىغا يېقىن بارغاندا، قاتار ـ قاتار چوڭ تىپتىكى سۈزگۈچى باكلارنىڭ رەتلىك تىزىپ قويۇلغانلىقىنى، ئىشلەپچىقىرىشتا پەيدا بولغان قويۇق سۇنىڭ بۇ سىستېمىغا كىرىپ بىر تەرەپ قىلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرگىلى بولاتتى. «بۇ يەرنىڭ خىزمەت پىرىنسىپى ئائىلىلەردە ئىشلىتىلىدىغان سۇ تازىلىغۇچنىڭكىگە ئوخشايدۇ، كۆپ دەرىجە بويىچە سۈزۈپ بىر تەرەپ قىلىنغان قويۇق سۇ ئىشلىتىش ئۆلچىمىگە يەتكۈزۈلۈپ، قايتىدىن ئىشلەپچىقىرىش سېخىغا قايتۇرۇلۇپ داۋاملىق ئىشلىتىلىدۇ.» بۇ شىركەتنىڭ ئېنېرگىيە مەركىزىنىڭ مۇئاۋىن دىرېكتورى ۋۇ شياۋدۇڭ مۇنداق دېدى: «شىركەتنىڭ قويۇق سۇنى قايتۇرۇۋېلىپ پايدىلىنىش نىسبىتى 95%كە يېتىپ، سۇ تېجەش ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولدى».

قويۇق سۇنى كۆپ دەرىجىلىك بىر تەرەپ قىلىشتىن كېيىن، ئەڭ ئاخىرىدا شەكىللەنگەن بىر قىسىم كېرەكسىز سۇ زاۋۇت رايونىدىكى باشقا كېرەكسىز سۇ بىلەن بىللە پاسكىنا سۇنى چوڭقۇر بىر تەرەپ قىلىش سىستېمىسىغا قويۇپ بېرىلىپ، چوڭقۇر بىر تەرەپ قىلىنغاندىن كېيىن، يۇقىرى ئۈنۈملۈك تىندۇرۇش كۆلچىكىگە كىرىدۇ.

مۇخبىرلار يۇقىرى ئۈنۈملۈك تىندۇرۇش كۆلچىكىنىڭ يېنىدا تۇرۇپ بۇرۇننى ئېچىشتۇرىدىغان سېسىق پۇراقنى پۇرىمىدى، تىندۇرۇلغاندىن كېيىنكى سۇ ئاستا ـ ئاستا قويۇپ بېرىش ئورىكىگە قويۇلۇۋاتاتتى، قويۇپ بېرىش ئورىكىدىكى سۇ قويۇپ بېرىش ئۆلچىمىگە يەتكەنىدى. «ئۆلچەمگە يەتسىمۇ بىز خالىغانچە قويۇۋەتمەيمىز، ئەكسىچە بۇ سۇنى يېشىللاشتۇرۇشقا ئىشلىتىمىز» دېدى فېڭ ۋېنجۈن.

نۆۋەتتە، جۇڭتەي گۇرۇھىنىڭ مۇھىت ئاسراش سېلىنمىسى جەمئىي 4 مىليارد يۈەندىن ئاشتى، بۇ، مەھسۇلات مىقدارىنىڭ تېز سۈرئەتتە ئېشىشىنى ساقلاپ، يىللىق كېرەكسىز سۇ قويۇپ بېرىش مىقدارىنى يىلدىن ـ يىلغا ئازايتىپلا قالماستىن، بەلكى تونىلىق مەھسۇلات بايلىقىنىڭ خورىشى، ئېنېرگىيەنىڭ خورىشى، «ئۈچ كېرەكسىز»نىڭ قويۇپ بېرىلىشى جەھەتتە كەسىپ بويىچە پاكىز ئىشلەپچىقىرىشتا باشلامچى سەۋىيەگە يەتتى.

# شى جىنپىڭ 2019 جۇڭگو خەلقئارا چوڭ سانلىق مەلۇمات كەسپى كۆرگەزمىسىگە تەبرىك خېتى ئەۋەتتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

رەقەملەشتۈرۈش، تورلاشتۇرۇش، ئەقلىي ئىقتىدارلاشتۇرۇش تەرەققىيات پۇرسىتىنى ئورتاق ياخشى ئىگىلەپ، چوڭ سانلىق مەلۇمات تەرەققىياتىنىڭ قانۇن، خەۋپسىزلىك، ھۆكۈمەت ئىدارە قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردىكى خىرىسىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىشى كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: جۇڭگو چوڭ سانلىق مەلۇمات كەسپىنىڭ تەرەققىياتىغا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىدۇ، ھەرقايسى دۆلەتلەر بىلەن رەقەملىك ئىقتىسادىي تەرەققىيات پۇرسىتىدىن ئورتاق بەھرىمەن بولۇپ، يېڭى تېخنىكا، يېڭى كەسىپ ھالىتى، يېڭى ئەندىزە ئۈستىدە ئىزدىنىش ئارقىلىق، يېڭى ئېشىش ھەرىكەت ئېنېرگىيەسى ۋە تەرەققىيات يولىنى ئورتاق ئىزدەشنى خالايدۇ. ھەرقايسى ۋەكىللەر ۋە مېھمانلارنىڭ «ئىجادىيەتلىك تەرەققىيات . سانلىق مەلۇمات ئارقىلىق كەلگۈسىنى سۆزلەش» باش تېمىسىنى چۆرىدەپ، چوڭ سانلىق مەلۇمات كەسپىنىڭ تەرەققىيات ۋە ھەمكارلىق چوڭ پىلانىنى ئورتاق كېڭىشىپ، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئورتاق تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشى، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

# «بىز ئۆزئارا ھەمدەم بولىدىغان بىر ئائىلە كىشىلىرى»

(بېشى 1 ـ بەتتە)

2016 ـ يىلى 10 ـ ئايدا، ئاپتونوم رايون «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش» پائالىيىتىنى قانات يايدۇرغاندىن كېيىن، قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيەلىك تورالغۇ ۋە شەھەر ـ يېزا قۇرۇلۇشى ئىدارىسىنىڭ باينىشىرگ مەھەللىسىدە تۇرۇشلۇق «ئەل رايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىدىكىلەر، مەھەللىدىكى ھەر مىللەت پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار مەھەللىدىكى ئاھالىلەر بىلەن قوشماقلىشىپ تۇغقانلىشىپ، كۆپچىلىكنىڭ كۆڭلى تېخىمۇ يېقىنلاشتى.

5 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى چۈشتە، خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت ئەزاسى ما خۇڭخۇڭ ئىشخانىدا ئالدىراش ئىدى، ئۇنىڭ قوشماقلاشقان تۇغقىنى ۋاڭ مىجۈن تاماق قاچىسىنى كۆتۈرگىنىچە كىرىپ كەلدى.

«ئاچا، ئالدىراشمۇ؟ نەچچە كۈن بولدى سىزنى كۆرمىدىم، ياخشى تاماق ئېتىپ سىزگە ئېلىپ كەلدىم!» ۋاڭ مىجۈن قىزغىنلىق بىلەن ما خۇڭخۇڭنىڭ قولىنى تۇتتى.

«بىر مەھەل مېنى كۆرمىسە ياكى ئۆيدە ئوبدانراق تاماق ئەتسىلا، سىڭلىم ماڭا ئېلىپ كېلىدۇ، شۇ ئارىلىقتا ئىككىمىز ئىشخانىدا مۇڭدىشىۋالىمىز.» ما خۇڭخۇڭ مۇنداق دېدى: «سىڭلىمنىڭ ئەتكەن تامىقى ماڭا بەكمۇ تېتىيدۇ، مەن بەك ياقتۇرۇپ يەيمەن».

ما خۇڭخۇڭ تۇنجى قېتىم ۋاڭ مىجۈننىڭ ئۆيىگە زىيارەتكە بارغاندا، ئۇنىڭ ئېرىنىڭ ئېلېكتر سايمانلىرى رېمونتخانىسى ئاچقان بولسىمۇ، تىجارەتنى ياخشى قىلالماي، زىيان تارتىپ، بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ چۈشكۈنلىشىپ كەتكەنلىكىنى بىلدى. ما خۇڭخۇڭ تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۇنىڭ بىلەن تۇغقانلاشتى. ئەينى چاغدا، يېڭى ئىشقا ئورۇنلىشىش ئۇچۇرى ياكى مەھەللىدە ماھارەت بويىچە تەربىيەلەش بارلىقىنى ئاڭلىغان ھامان، ئۇ بىرىنچى بولۇپ ۋاڭ مىجۈنگە خەۋەر قىلدى. بەزىدە يەنە ما خۇڭخۇڭ ۋاقىت چىقىرىپ، ۋاڭ مىجۈن بىلەن بىللە ناھىيە تەشكىللىگەن ئىشقا ئورۇنلىشىش بويىچە ماھارەت تەربىيەسىگە قاتناشتى، سىڭلىسىنى مەھەللىنىڭ مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىشقا تەكلىپ قىلىپ، ئەر ـ خوتۇن ئىككىيلەننىڭ چۈشكۈنلۈكتىن تېزرەك قۇتۇلۇشىغا ياردەم بەردى.

ما خۇڭخۇڭنىڭ ياردىمىدە، ۋاڭ مىجۈن بىلەن ئېرى قايتىدىن ئىشەنچ تۇرغۇزۇپ، يان تېلېفون دۇكىنى ئاچتى. «كىرىمىمىز ئىلگىرى ئېلېكتر سايمانلىرى رېمونتخانىسى ئاچقاندىكىدىن خېلىلا ياخشى» دېدى ۋاڭ مىجۈن خۇشال ھالدا.

تۆت يىل ئىلگىرى، موڭغۇل ئاھالە پۈرۋا بۇلغۇن بۇ مەھەللىگە كۆچۈپ كەلدى. ئېرىنىڭ سالامەتلىكى ناچار، ئوغلى كېسەلچان بولغاچقا، ئۇ ھەر كۈنى ناھايىتى چارچاپ كېتەتتى.

خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت ئەزاسى يۈ ۋېنچيەن بۇ ئەھۋاللارنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، پۈرۋا بۇلغۇن ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن تۇغقانلاشتى. بېرىش ـ كېلىش قىلىش جەريانىدا، پۈرۋا بۇلغۇننىڭ سەممىي مىجەزى يۈ ۋېنچيەننى تەسىرلەندۈردى، يۈ ۋېنچيەننىڭ خوتۇنى ۋە قىزىنىمۇ تەسىرلەندۈردى.

«مېنىڭچە قوشماقلاشقان تۇغقانلار ئەڭ مۇھىمى پىكىر ئالماشتۇرۇشى، بىر ـ بىرىنى ھەقىقىي ئۇرۇق ـ تۇغقىنىدەك، ھەقىقىي قېرىندىشىدەك كۆرۈشى كېرەك. ھازىر ۋاقتىم بولسىلا ئۇلارغا كۆپرەك ياردەملىشىمەن، ۋاقىت چىقىرىپ ئۇلارغا ھەمراھ بولىمەن، مەن بۇۋاينىڭ ئوغلى بولۇشنى بەكمۇ خالايمەن!» دېدى يۈ ۋېنچيەن.

مۇخبىر مەھەللىدە بىنالار ئارىسىدا يۈرۈش جەريانىدا، ھەر مىللەت ئاھالىلىرىنىڭ قىزغىن سالاملىشىۋاتقانلىقىنى، ھەر مىللەت بالىلىرىنىڭ بىرلىكتە خۇشال ـ خۇرام ئويناۋاتقانلىقىنى كۆردى ... «بىزنىڭ مەھەللە بىر چوڭ ئائىلە، ھەر مىللەت كادىرلار، ئامما بۇ چوڭ ئائىلىدە خۇشال ـ خۇرام خىزمەت قىلىدۇ، تۇرمۇش كەچۈرىدۇ، ئالاقىلىشىدۇ، ئالماشتۇرىدۇ، ئارىلىشىدۇ، كۆپچىلىكنىڭ ھېسسىياتى بارغانسېرى چوڭقۇرلاشتى» دېدى خۇاڭ لىپىڭ.